# UTFW2-019 - Meryem Sultan

1. مېنىڭ ئىسمىم مەرىيەم سۇلتان، تۈركىيەدە ياشايمەن. ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئاسپىرانت ئوقۇغۇچى. ھەم تۈركىيەدە ئىشلەيمەن. تۈركىيەگە 2010- يىلى كەلدىم. مۇشۇ سەۋەپلىك، يەنى مېنىڭ تۈركىيەدىكى ئوقۇشۇمنى ۋە تۈركىيەگە كېلىشىمنى دەستەكلىگەنلىكى ئۈچۈن ئاپام لاگېرغا سولاندى.
2. بۇنىڭدىن 2018- يىلى خەۋەر تاپتىم. 2017- يىلى 9- ئايدىن باشلاپ سولانغانلىقىنى ئەركىن ئاسىيانىڭ مۇخبىرلىرى ئېنىقلاپ چىقتى. بۇ ئىشلارنى بىلگەندىن كېيىن مەن ئۇزاق ئۆتمەيلا ئېگىگىلىزچە ۋە تۈركچە گۇۋاھلىق بەردىم. يەنى بىر ئۇسۇللار بىلەن ئائىلەمنى ئىزدەشكە تىرىشتىم، ھازىرغىچە ئىزچىل تىرىشىپ كېلىۋاتىمەن. ئەلچىخانا بىلەن بىر شەكىلدە ئالاقە قۇرۇپ، ئەلچىخانىغا بېسىم چۈشۈرۈشكە تىرىشىۋاتىمەن، بىر شەخس بولۇپ سۈپىتىم بىلەن، قولۇمدىن كېلىشىچە.
3. ئاپام ئايگۈل سۇلتان، ئونسۇ ناھيەلىك 1- ئوتتۇرا مەكتەپتىن 2004- يىلى كېسەل بىلەن پېنسىيەسىگە چىققان. ئاپام ئۈچ قېتىم ئوپراتسىيەگە چۈشكەن بولۇپ، قانۇنغا خىلاپ ھېچقانداق ھەرىكىتى يوق. كېسەل پېنسىيەسىگە چىققانلىقى ئۈچۈن دەم ئالىدىغان بىر ئايال. بۇ يىل 55 ياش. شۇڭا ئاپام ئەمەلىيەتتە نورمالدا ئۆيدە كۈتۈنۈپ داۋالىنىشقا ئېھتىياجلىق بىر ئىنسان. ئەمما مۇشۇنداق ھالەتتىكى بىر ئىنسان لاگېرغا سولاندى، نەزەربەنت ئاستىغا ئېلىندى. ھازىر ئاپامنىڭ ئۆيدىمۇ، لاگېردىمۇ قەيەردىلىكىنى بىلمەيمەن.
4. مېنى جەمئىي ئۈچ قېتىم ئاپام بىلەن ۋىدىيولۇق كۆرۈشتۈردى. ئەمما نورمال ئالاقە قىلىشىمغا رۇخسەت قىلمىدى. پەقەتلا ئۇلار خالىغان ۋاقىتتا، يىلدا بىر قېتىمدىن ئۈچ قېتىم كۆرۈشتۈردى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 2021- يىلىنىڭ بېشىدا بىر ۋىدىيو ئارقىلىق، ئاپامنى ۋىدىيوغا تارتىپ ماڭا قارىشى سۆزلەتتى. شۇندىن بېرى ئاپام بىلەن ئالاقە قىلىپ باقمىدىم. ئاپامنىڭ ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى ھاياتىغا كەلسەم، مەن چەتئەلگە چىقىشتىن بۇرۇن، ئاپامنى ئىككى قېتىم مەجبۇرىي ھالدا زورلاپ بالىسىنى چۈشۈرىۋەتكەن ئۆتمۈشى بار. ئاپامنىڭ سىڭلىسىنىڭكىمۇ شۇنداق. مەجبۇرىي بالىسىنى چۈشۈرىۋەتكەندىن كېيىن، راك كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتتى.
5. مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكۈزگىنىم پەقەتلا ئائىلەم بىلەن كۆرۈشەلمەسلىك ۋە ئاپامنىڭ لاگېرغا سولىنىشى ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا مەن 12 يېشىمدىن 18 يېشىمغىچە ئالتە يىل تارىم ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش رايونىدا، جىنايەتچىلەر بىلەن ياكى دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ،مەكتەپتىن ئايرىلغان ئەھۋال ئاستىدا، يىلدا ئوتتۇرا ھېساپ بىلەن بىر ئايدىن مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىندىم. پاختا مەيدانىدا پاختا تەردۇق. بىزنىڭ ناھيە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئونسۇ ناھيەسى. مەن ناھيەنىڭ ئىچىدە تۇغۇلۇپ ئۆسۈپ، شۇ يەردە چوڭ بولدۇم ئەمما بىز يېزىغا- ناھيەدىن ئىككى ئۈچ سائەتلىك ئاپتوبۇس بىلەن بارىدىغان جايلارغا بېرىپ دېھقانلارنىڭ ئۆيىدە ھەپتە، ئون كۈندىن يېتىپ قوپۇپ، شۇ يەردە ئەمگەك قىلىپ ئىشلىدۇق. مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار مۇشۇلار.

مەن بۇ گۇۋاھلىق سۆزۈمنى ئۇقۇپ ئۇنىڭ ئەينەن يېزىلغانلىقىغا چۈشەندىم ھەم مەزمۇنلىرىغا قوشۇلىمەن.مەن بۇ گۋاھلىق سۆزۈمنىڭ ئۇيغۇر ئالاھىدە سوتىنىڭ تور بېتىدە نەشىر قىلىنىغانلىقىنى ھەمدە ئاۋام كۆپچىلىككە ئاشكارە قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشىنىمەن.

ئىمزا:

ۋاقت: